شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# يەكەن دەرياسى ۋادىسى
# سۇچىلىق تەزكىرىسى

«يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى

«يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى تۈزدى

江苏工业学院图书馆
藏书章

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 2008 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 2008 - يىل 4 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى
本书根据新疆人民出版社 2008 年 4 月第一版 2008 年 4 月第一次印刷版本翻译出版

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى
# «يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى»

يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى تەھرىر ھەيئىتى تۈزدى

---

باش مۇھەررىر: لى جىنخۇەي
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
2009 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 81.25 قىستۇرما ۋارىقى: 16
تىراژى: 1 — 1000
ISBN 978—7—228—12972—0

---

باھاسى: 480.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

叶尔羌河流域水利志:维吾尔文/《叶尔羌河流域水利志》编委会编:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2009.11

ISBN 978-7-228-12972-0

Ⅰ.叶… Ⅱ.①叶… ②新… Ⅲ.叶尔羌河-流域-水利史-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.TV-092

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 204557 号

新疆维吾尔自治区地方志丛书

# 叶尔羌河流域水利志 (维吾尔文)

《叶尔羌河流域水利志》地方志编纂委员会编

主　编　李进淮

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编:83001)

自治区志方志编委会激光照排中心排版

新疆地矿彩印厂印刷

787×1 092 毫米　16 开本　81.25 印张　16 插页　1 450 千字

2009 年 11 月第 1 版　2009 年 11 月第 1 次印刷

印数　1-2 000

---

ISBN 978-7-228-12972-0　　定价:480.00 元

# «يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى»نى تۈزۈش - تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ۋە خادىملىرى

## يەكەن دەرياسى ۋادىسى ئىدارىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى تەھرىر ھەيئىتى

(2006 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇرۇلغان ۋاقىتتىكى خادىملار)

**مۇدىر :** لى پىڭ

**دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىر :** ھېبىبۇللا كېرىمۇللا

**مۇئاۋىن مۇدىرلار :** ياڭ جيې، ئىسمائىل ياقۇپ

**ئەزالار :** لى جېنگاڭ
تۇرغۇن نىزامەت
ئۆمەر مۇسا
خې چاڭدې
ئادىل مۇسا
جاڭ يۇپىڭ
ۋاڭ چاڭشىن
يۇ شياۋپىڭ
مەخمۇت مەمەت
جياڭ چۇنچياۋ
ئاۋۇت ساۋۇت
لى جىنخۇەي

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

«يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى»
نى تۈزۈش ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى

**مۇدىر :** لى جىنخۇەي (قوشۇمچە ) 2007 - يىلى 2 - ئاي ~
**ماتېرىيالچى :** چېن گۋاڭخۋا (تەكلىپ قىلىنغان ) ، 1999 - يىلى 9 - ئايدىن 2006 - يىلى 12 - ئايغىچە

## «يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى» نى تۈزگۈچى خادىملار

**باش مۇھەررىر :** لى جىنخۇەي
**ئالاھىدە تەكلىپ**
**قىلىنغان مۇھەررىر :** چۇ جىلۇڭ
**ماتېرىيال مۇھەررىرى :** چېن گۋاڭخۋا

«يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى»
نى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەنلەر

چۇ جىلوڭ ، جۇ شياڭمىن ، جاڭ چۇەن ، لى جىنخۇەي ، گۇڭ فاڭرۇن ، چى يىڭلەن ، خې چاڭدې ، جاڭ جيەنگو ، ليۇ يېنوڭ ، ما شياڭيى ، شۇ شياۋمېي ، جياڭ چۇنچياۋ ، مەخمۇت مەمەت ، ليۇ جىشياۋ ، مەمتىمىن ھېلىم ، چيەن روياڭ ، چېن گۋاڭخۋا ، جۇ كەي ، سۇن چىلياڭ ، جۇ خۇيجۇن ، جاڭ ۋېيپىڭ ، چېڭ جۇڭلېي ، ئاۋۇت ساۋۇت ، ۋۇ لېي ، جياڭ ۋېنجۇن ، جۇ لىجۇن ، ۋاڭ لىخۋا ، فەن جىڭ ، ۋۇ لىڭلى ، چى ۋېنجۇەن ، تاڭ چىڭچىڭ ، گاۋ جيەنپىڭ ، ۋاڭ ۋېيچىن ، لى دۇڭمىڭ ، چى ۋېيخۋا ، ما يۆجۈن ، جى يۇڭجۇن ، مۆمىن ياسىن ، يۇ شياۋپىڭ

## «يەكەن دەياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى»نىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن خادىملار

لى پىڭ ، ھېبىبۇللا كېرىموللا ، چۇ جىلۇڭ ، ياڭ جيې ، ئىسمائىل ياقۇپ ، لى جېنگاڭ ، تۇرغۇن نىزامەت ، جاڭ يۇپىڭ ، ئۆمەر مۇسا ، خې چاڭدې ، يۇ شياۋپىڭ ، جاڭ جيەنگو ، ئاۋۇت ساۋۇت ، مەخمۇت مەمەت ، جياڭ چۈنجياۋ ، ئادىل مۇسا ، مەمتىمىن ھېلىم ، مېھرىنسا مۇتەللىپ ، ۋاڭ لې ، ۋاڭ چاڭشىن ، ليۇ جىشياۋ ، چېڭ جۇڭلې ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## «يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى» نى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ئورۇنلار

يەكەن دەرياسى ۋادىسى ئىدارىسى ، شوركۆل سۇ ئامبىرى باشقارمىسى ، ئالغا سۇ ئامبىرى باشقارمىسى ، قاغىلىق ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى ، پوسكام ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى ، يەكەن ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى ، مارالبېشى ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى ، مەكىت ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى ، يۇپۇغا ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى ، پەيلو دېھقانچىلىق مەيدانى ، چىڭگىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى ، يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى 42 ـ تۇەنى دېھقانچىلىق مەيدانى ، قاراقىلچىن دېھقانچىلىق مەيدانى ، غەربىي ـ جەنۇبىي تارىم نېفىت ـ تەبىئىي گاز تەرەققىيات شىركىتى

## «يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى» نى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن خادىملار

چۇ جىلۇڭ ، لى پىڭ ، گۇڭ فاڭرۇن (ساھەدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان )

لى خۇڭ (قەشقەر ۋىلايەتلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىدىن )

جاڭ چۈەن ( شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئومۇمىي تەزكىرە خىزمىتى باشقارمىسىدىن )

# «يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى»نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغان ئورۇنلار

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك يەكەن دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى كومىتېتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك يەكەن دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

قەشقەر ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

# 《叶尔羌河流域水利志》维吾尔文版

## 编　译　人　员

**主　　审**　阿不都肉甫·艾力

**责任编辑**　贝丽克孜·穆罕穆德

**编译人员**　（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不力米提·亚库甫、阿不都肉甫·艾力、阿不都热依木·亚库甫、阿斯亚·霍加、艾合买提·肉孜、贝丽克孜·穆罕穆德、甫拉提·依米提、加米拉·阿不拉、哈丽达·卡德尔、迪木拉提·木沙、霍加阿合买提·优努斯、库来西·吐尔逊、沙比尔·艾力、玛尔哈巴·夏吾东、买买提明·阿西木、买买提·艾山、努尔尼沙·木克依提、斯拉木·玉赛音

**验　　收**　迪木拉提·木沙

**封面摄影**　赵志敏

**责任校对**　玛尔哈巴·夏吾东、贝丽克孜·穆罕穆德、哈丽达·卡德尔

# كىرىش سۆز - I

جۇ شياڭمىن

يەكەن دەرياسى شىنجاڭدىكى 3 - چوڭ دەريا. ئاتام زاماندىن تارتىپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بۇ دەريا ھاياتلىقنى، بوستانلىقنى شۇنداقلا يەكەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ بايلىقى، گۈزەللىكى ۋە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى.

يەكەن دەرياسى 2000 يىل ئىلگىرى ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئېچىلغان. نۇرغۇن يىللارنى، مىسلىسىز ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئەمگەكچى خەلق ۋە سۇچىلىق خىزمەتچىلىرى قەتئىي تەۋرەنمەي، جاپالىق ئىشلەپ ھەم يەكەن دەرياسىنىڭ لەززىتى ۋە شاتلىقىدىن تولۇق بەھرىلەندى ھەم كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق، شور، قۇم - بورانلارنىڭ ئازابى ۋە جاپاسىنى يەتكۈچە تارتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشى بىلەن يەكەن دەرياسى ۋادىسىنى ئېچىش ۋە قۇرۇش ئىشلىرىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش — ۋادا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، ئۇزۇن يىللارنى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن يەكەن دەرياسىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قايتىدىن ئۇرغۇتتى. مەركەز ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، ۋادىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە سۇچىلىق خىزمەتچىلىرى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، بوشاشماي ئىلگىرىلەپ، سۇغىرىش رايونىنى ئۆزگەرتىش ۋە سۇچىلىق مەركەز قىلىنغان «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ باردى، چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ، دۇنيا بانكىسى تارىم ئويمانلىقى يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش تۈرى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن يەنە تارىم دەرياسى ۋادىسى يەكەن دەرياسىنى ئونىۋېرسال تۈزەش تۈرى قۇرۇلۇشى ۋە يېزىلاردىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكى شۇنىڭدەك سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش - مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى قىلدى. كاچۇڭ ئېلىشبېشى ۋە شەرقىي - غەربىي قىرغاق غول ئۆستىڭى، كاچۇڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە توك يولлاش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، شوركۆل سۇ ئامبىرى ۋە سۇغىرىش رايونىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش

---

كىرىش سۆز - I نىڭ ئاپتورى جۇ شياڭمىن ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى. يەكەن دەرياسى ۋادىسى باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، تارىم دەرياسى ۋادىسى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

قۇرۇلۇشى، پەسىلدىن سۇ باشلاش تۇگۈنى قۇرۇلۇشى، يەكەن دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىنى ئېلىشبېشى ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇرغۇن تايانچ قۇرۇلۇشلارنىڭ قىلىنىشى، ۋادا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، مېخانىزمىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، سۇ ئىشلىتىش، سۇ باشقۇرۇش مۇھىتىنىڭ تېخىمۇ ماسلىشىشىنى يۇقىرى، يېڭى تېجەشلىك سۇغىرىش تېخنىكىسىنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە سۇچىلىقنى باشقۇرۇشنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىلەن يەكەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى. بۈگۈنكى كۈندە يەكەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى 7 مىليون 500 نەچچە مىڭ موغا يەتتى، سۇ باشلاش، ساقلاش، يەتكۈزۈش، سۇغىرىش، چىقىرىۋېتىش ئەسلىھەلىرى دەسلەپكى قەدەمدە يۇرۇشلەشتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە ئېكولوگىيە ئىشلىرى ماس تەرەققىي قىلىشقا قاراپ يۈزلەندى، مەملىكەت بويىچە 4 - ئالاھىدە چوڭ سۇغىرىش رايونىغا ئايلانغان يەكەن دەرياسى ۋادىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئېكولوگىيە ئىشلىرىنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىدا تەڭداشسىز رول ئويناۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا، نەچچە ئەۋلاد يەكەن دەرياسى سۇچىلىق خىزمەتچىلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلدى، قان - تەرىنى سىڭدۈردى، يەكەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

شانلىق نەتىجىلەرنى خاتىرىلەش، ئۇلۇغۋار روھقا ۋارىسلىق قىلىش كېرەك. «يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى» دەل تارىختىن بۇيان يەكەن دەرياسى ۋادىسىنى ئېچىش، قۇرۇش، تۈزەش جەريانى ۋە بۇ جەرياندا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەت، تەجرىبە - ساۋاقلار شۇنىڭدەك ئەۋلادمۇ ئەۋلاد سۇچىلىق خىزمەتچىلىرى روھى قىياپىتىنىڭ چىن، ھەققىي خاتىرىسى.

«يەكەن دەرياسى ۋادىسى سۇچىلىق تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچى خادىملار دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى تەدبىقلاپ، تارىخنى ئاساس قىلىش، قەدىمكى بىلەن ھازىرقىنى بىرلەشتۈرۈش، ھازىرقىنى تەپسىلىي، قەدىمكىنى ئىخچام خاتىرىلەش، مەۋقەنى ھازىرقى ئىشلارغا قارىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخ، خەلق، ئەۋلادلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، كەڭ دائىرىدە ماتېرىيال توپلىدى، ئىجتىھات بىلەن ئون يىل قەلەم تەۋرىتىپ، ئورگىنالنى ئالتە قېتىم ئۆزگەرتتى. توپلانغان 2 مىليون 500 نەچچە مىڭ خەتلىك ماتېرىيال ۋە 3000 دىن ئارتۇق ماتېرىيال كارتىسىنى رەتلەش ئاساسىدا، ئاخىرى 1 مىليون 400 نەچچە مىڭ خەتلىك، 16 قىسىم، 54 بابتىن تەركىب تاپقان، ۋادىدىكى دەريا سۇ سىستېمىسى، سۇغىرىش رايونى، تەبىئىي مۇھىت، سۇ بايلىقى، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىنشائات قۇرۇلۇشى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىقى، سۇ باقمىچىلىقى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىشلەپچىقىرىشى، ۋادا پىلانلاش، پەن - تېخنىكا خىزمىتى، سۇچىلىق ئاپپاراتلىرى، پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، سۇ تىزگىنلىگۈچى شەخسلەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ تەزكىرە تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ ۋادىدىكى سۇچىلىق خىزمەتچىلىرى ۋە 1 مىليون 900 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلق ئۈچۈن قىلىنغان ئەۋلادلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان

كاتتا ئىش.

بۇ تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەم يەكەن دەرياسى ۋادىسىنى ئېچىش، تۈزەش داۋامىدا بېسىپ ئۆتۈلگەن شانلىق مۇساپىلەرگە، ئۇنى ئاچقۇچى، تۈزگۈچىلەرنىڭ ئۇتۇقلىرىغا مەدھىيە ئوقۇغانلىق ھەم ۋادىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تىكىپ كۈرەش قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش روھىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىك. ئۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يەكەن دەرياسى ۋادىسىنى بىلىش، تونۇش، تەتقىق قىلىش، ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشىمىزدىكى بىر ياخشى ئۆرنەك.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز يەكەن دەرياسىدىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك قەلەم بىلەن يەكەن دەرياسى ۋادىسىنى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ نۇرلۇق تۈسكە كىرگۈزىمىز.

يەكەن دەرياسى ۋادىسى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن بارلىق كىشىلەر تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ! يەكەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى، كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىشىنى تىلەيمىز.

2007 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

# كىرىش سۆز - Ⅱ

لى پىڭ ، ھېبىبۇللا كېرىموللا

ۋەتىنىمىزنىڭ يىراق چېتىدە ، قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغا پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبى ، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئېتىكى ، دۇنيا بويىچە 2 - ئېگىز چوققا - چوگىر چوققىسى قاتارلىق تۇتاش كەتكەن قارلىق تاغ - مۇزلۇق چوققىلارنىڭ يۇقىرىسىغا قەھرىتان سوغۇق ھاسىل قىلىدىغان 2689 پارچە هازىرقى زامان مۇزلۇقى جايلاشقان ، ئومۇمىي كۆلىمى 5574 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ كرىستالدەك مۇزلۇق دۇنياسىدا 662 كۇب كىلومېتىرلىق ئىنتايىن قىممەتلىك هاياتلىق مەنبىيى ساقلانغان . تەبىئەت ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ياراتقان بۇ مۇز كانى - قىزىق ئاپتاپ گۈزەل يۈزىنى نۇرلاندۇرۇپ ، يۈرىكىنى ئىلىتقاندا ، ئۇ خۇشاللىق بىلەن ھاسىل قىلغان ئىرماش - چىرماش كەتكەن ، گاھ چوڭ ، گاھ كىچىك ئېقىنلار بىرلىشىپ يىلان باغرىدەك تولغىنىپ توختىماي ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان ھەيۋەتلىك يەكەن دەرياسىنى ھاسىل قىلدى . ھەر خىل گۈزەل رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بۇ دەريا - قەدىمكى دەۋردە ، جۇڭگو جۇغراپىيىشۇناسلىرى خۋاڭخېنىڭ بېشى دەپ تەرىپلىگەن ، 60 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئارىلىقتىكى ئېگىز تاغ - جىلغىلارنى كېسىپ ئۆتۈپ ، 40 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر تۈزلەڭلىك بوستانلىقنى ھاسىل قىلغان ئانا دەريا — يەكەن دەرياسىدۇر !

يەكەن دەرياسى شىنجاڭدىكى 3 - چوڭ دەريا ، ئۇ ھەيۋەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئېقىپ ، تارىم دەرياسىغا تۇتىشىدۇ ، ئۇزۇنلۇقى 1078 كىلومېتىر . شىنجاڭ بويىچە ۋادا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بۇ سۇغىرىش رايونى مەملىكەت بويىچە 4 - چوڭ سۇغىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ .

يەكەن دەرياسى ئاسىيا — ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ، دۇنيادا ھالاكەت دېڭىزى دەپ ئاتالغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان . بۇ يەر دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق ، ھاسىل بولغان ئىنتايىن ئاجىز نەم ھاۋانى ئۈچ تەرەپتىكى ئېگىز تاغ تىزمىلىرى توسۇپ تۇرغاچقا ، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ ، تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاران 40 ~ 50 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2000 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ . ناھايىتى قۇرغاق بولغان بۇ قۇرۇقلۇق كىلىماتى رايونىدا ، ئەگەر غايەت زور مۇزلۇق ھاسىل قىلغان يەكەن دەرياسى بولمىغان بولسا ، بۇ يەرمۇ چەكسىز چۆل - باياۋانغا ئايلىنىپ ، ھالاكەت دېڭىزىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان بولاتتى .

---

كىرىش سۆز - Ⅱ نىڭ ئاپتورى لى پىڭ ھازىر يەكەن دەرياسى ۋادىسى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى .

ئاپتور ھېبىبۇللا كېرىموللا ھازىر يەكەن دەرياسى ۋادىسى ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى .

يەكەن دەرياسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ، بۇ يەردە بوستانلىق ، هاياتلىق ، نەچچە مىڭ يىللىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ، رەڭدار ، خىلمۇخىل ئىنسانىيەت مىللىي مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەندى .

يەكەن دەرياسى بوستانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق شۇنداقلا قەدىمىي بوستانلىق . غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى ) مەركىزىي هۆكۈمەت ئۇرلىدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەهكىمىسى قۇرغاندىن باشلاپ ، يەكەن دەرياسى ۋادىسى ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان . بوستانلىق جەنۇبتىن شىمالغا بەلۋاغسىمان جايلاشقان ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىر ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 50 ～ 80 كىلومېتىر كېلىدۇ ، يەكەن دەرياسى تارىم دەرياسىغا قوشۇلغاندىن كېيىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدا 1700 كىلومېتىر بوستانلىقنى شەكىللەندۇرگەن .

يەكەن دەرياسى — يەكەن دەرياسى بوستانلىقىنى بەرپا قىلدى ، مۇزلۇق بىلەن پەسىللەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئۇنىڭ تەرسا مېجەز ـ خاراكتېرىمۇ شەكىللەندى ، ئۇنىڭ بۇ خىل تۇراقسىز مېجەزى ۋادىدىكى خەلققە تۈگىمەس قۇرغاقچىلىق ۋە كەلكۈن ئاپەتلىرىنى ئېلىپ كەلدى . يەكەن دەرياسى پەسىل خاراكتېرى ئېنىق دەريا ، هەر يىلى باش باهاردا ، قەهرىتان سوغوق ئېگىز تاغلاردىكى قار ـ مۇزلار ئېرىمىگەچكە دەريا سۈيى ناهايىتى ئاز بولىدۇ ، ئەڭ ئاز ۋاقىتلاردىكى سېكۇنتلۇق ئېقىم مىقدارى هەتتا 30 كۇب مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ ، شۇڭا ئەتىيازدا ناهايىتى ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولىدۇ ؛ ياز كەلگەندە بولسا ، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ قار ـ مۇزلار زور مىقداردا ئېرىگەنلىكى ، بەزىدە قار ـ مۇزلار تىقىلىپ قالغانلىقى ، كۆللەر يار ئېلىپ كەتكەنلىكى ۋە ياكى قارا يامغۇر ياغقانلىقى ئۈچۈن ، ئېقىم مىقدارى بىراقلا كۆپىيىپ ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى بولىدۇ ، بۇنداق چاغلاردا يەكەن دەرياسىنىڭ ئېقىم مىقدارى شىنجاڭدىكى باشقا دەريالارنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ . ۋادا ئىنسانىيەت تارىخىغا قەدەم قويغاندىن بۇيانقى ئۇزۇن يىللاردا ، ئىلگىرىكى هۆكۈمرانلار دەريانى تىزگىنلەشكە كۆڭۈل بۆلمىگەچكە ، دەريا بوستانلىقتىكى خەلققە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېغىر ئاپەتلەرنىمۇ ئېلىپ كەلگەن . ۋادىدىكى خەلق قۇرغاقچىلىق ، شورلۇق ، قۇم ـ بوران ، كەلكۈننىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان . تا جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلۇش هارپىسىغىچە قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان ۋادا خەلقىنىڭ يىلبويى ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا كۈن ئۆتكۈزۈشتەك هالىتى داۋاملىشىپ كەلدى ، پۈتۈن ۋادا يەنىلا بېكىنمە هالەتتىكى ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان قالاق ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى باسقۇچىدا تۇردى . 1949 ـ يىلىدىكى يەنى ئازادلىقنىڭ هارپىسىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ، ۋادا بويىچە 1949 ـ يىلىدىكى نوپۇس 762 مىڭ ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2 مىليون 851 مىڭ 800 مو ، ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3 .7 مو ئىدى . ئاساسلىق دېهقانچىلىق مەهسۇلاتلىرىدىن 141 مىڭ 500 تونىنا ئاشلىق ئېلىنىپ ، ئوتتۇرىچە 85 .5 كىلوگرامدىن ، 2065 تونىنا پاختا ئېلىنىپ ، كىشى بېشىغا 2 .7 كىلوگرامدىن ، 3095 تونىنا ياغلىق دان ئېلىنىپ ، ئوتتۇرىچە 4 .85 كىلوگرامدىن ، 1 مىليون 181 مىڭ 200 تۇياق چارۋا بولۇپ ، ئوتتۇرىچە 1 .55 تۇياقتىن

توغرا كەلگەن. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەن، خەلقنىڭ ماددىي ئاساسىي ئاجىز، تۇرمۇش شارائىتى ناچار ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ۋادا خەلقى قايتىدىن قەددىنى رۇسلاپ، يەكەن دەرياسىنى تۈزەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن سۇ ئىنشائىتى قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى قوزغاپ يەكەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزۈل كېسىل ئۆزگەرتتى. 1958 ـ يىلى ۋادا سۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتى ـ يەكەن دەرياسى باشقارمىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋادا سۇچىلىقى سىستېمىلىق، پىلانلىق، بىرتۇتاش پىلانلاش، ئېچىش ۋە قۇرۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ۋادا سۇغىرىش رايونىدىكى خەلق سۇچىلىق مەركەز قىلىنغان «يېزا بەشتە ياخشى قۇرۇلۇشى» خىزمىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، ئىلگىرىدىكى پارچە، تارقاق يەرلەر رەت ـ رەت سالا ئېتىزلارغا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا قولايلىق يارىتىلدى، سۇ تېجەلدى. ۋادىدىكى خەلق پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، قۇم ـ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، شورلۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ۋە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش ئىشلىرىنى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زور كۈچ بىلەن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قىلىپ، بۇرۇنقى سۇغىرىش رايونلىرىنى ئۆزگەرتىپ، سۇ ئامبىرى ياسىدى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپتى، ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشى، مۇستەھكەم، يېرىم مۇستەھكەم ۋە ۋاقىتلىق كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى شۇنىڭدەك سۇ باشلاش تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنى قىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋادا سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، ۋادا ئىقتىسادىدا خېلى زور يۈكسىلىش بولدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋادا بويىچە سۇغىرىش كۆلىمى ئازادلىق هارپىسىدىكى ئازكەم 3 مىليون مودىن 5 مىليون 220 مىڭ موغا، ۋادا نوپۇسى ئازادلىق هارپىسىدىكى 762 مىڭدىن 1 مىليون 370 مىڭغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 990 مىليون يۈەنگە يەتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ غەمخورلۇقى، ۋادىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە سۇچىلىق تارماقلىرىنىڭ تىرىششى ئارقىسىدا، قەرز مۇددىتى 20 يىل، قەرز سوممىسى 60 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، يانداش مەبلەغ ئەينى ۋاقىتتىكى پېرېۋوت نىسبىتى بويىچە 262 مىليون يۈەن بولغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى تۆر قۇرۇلۇشى ۋادا دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلدى. زور كۆلەمدىكى بۇنداق سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى ۋادا ئىقتىسادىنى خېلى تېز تەرەققىي قىلىش ۋە بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1996 ـ يىلى تۆر تاماملانغاندىن كېيىن، تۆر رايونىدا ئېلىنغان ئاشلىق تۆر تۇرغۇزۇلغان ۋاقىتتىكى 622 مىڭ 700 توننىدىن 747 مىڭ 900 توننىغا، پاختا تۆر تۇغۇزۇلغان ۋاقىتتىكى 53 مىڭ 600 توننىدىن 155 مىڭ 800 توننىغا، يېزىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى تۆر تۇرغۇزۇلغان ۋاقىتتىكى 400 يۈەندىن 1017 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا

بولىدۇكى ، بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە تاماملىنىشى يەكەن دەرياسى ۋادىسى ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلدى .

2002 - يىلى 1 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا ، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنۇۋېرسال تۈزەش بويىچە يەكەن دەرياسى ۋادىسىدا قىلىنىدىغان سۇ تېجەش قۇرۇلۇشىنىڭ «بەش يىللىق يولغا قويۇش لايىھىسى» يولغا قويۇلدى ، قۇرۇلۇشقا 2 مىليارد 213 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى ، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ 1 مىليارد 872 مىليون 800 مىڭ يۈەن ، بىڭتۈەننىڭ سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ 340 مىليون 500 مىڭ يۈەن . بۇ سۇ تېجەش تۈرلىرى يېڭىدىن ياسالغان ئوتتۇرا ئېقىن ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشى ، مەزكۇر ئېلىشبېشىنىڭ ئايىغىدىكى بەككىز سۇ باشلاش تومىسىنى بىرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە ئېلىشبېشى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مەكىت باش غول ئۆستەڭگى قۇرۇلۇشى ، ئوتتۇرا ئېقىن غەربىي قىرغاق غول ئۆستەڭگى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . باش غول ئۆستەڭدىن يەتتىسى ، غول ئۆستەڭدىن 60 ى ، تارماق ئۆستەڭدىن 54ى ئۆزگەرتىلدى ؛ يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 138 مىڭ 800 موغا يەتتى ، ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن 789ى قېزىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى راۋانلاشتۇرۇلدى . 2005 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يەكەن دەرياسى شەرقىي قىرغاق باش غول زەيكىشى ، باش غول سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى ، يەكەن ئوپا باش غول ئۆستىڭىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ، قاغىلىق شوتا باش غول ئۆستىڭىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ، سوغۇچاق سۇ ئامبىرىدىن مارالبېشىغا سۇ قويۇپ بېرىش ئۆستىڭىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ، پوسكام ئۆستىڭىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ، مەكىت قىزىلئاۋات ئۆستىڭىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ، يۇپۇغا كانال ئۆستەڭنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ، يېزا ئىگىلىك 3 - شى شوركۆل سۇ ئامبىرى ئوتتۇرا غول ئۆستىڭىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ، ئالغا سۇ ئامبىرى سۇ قويۇپ بېرىش ئۆستىڭىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق 15 قۇرۇلۇش تۈرى تاماملاندى . بۇ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ پۈتۈشى بىلەن ۋادىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تۈپتىن ئۆزگەردى ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى مىسلىسىز ئاشتى . 2005 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋادىنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى 7 مىليون 360 مىڭ موغا ، ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 952 مىڭغا ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 433 مىليون 962 مىڭ 100 يۈەنگە ، ئېلىنغان ئاشلىق 115 مىڭ 685.33 توننىغا ، پاختا 280 مىڭ 67.660 توننىغا ، ياغلىق دان 3088.5 توننىغا ، چارۋا 4 مىليون 736 مىڭ 200 تۇياققا يەتتى . ۋادىدىكى خەلق ئاساسىي جەھەتتىن ناماراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ، كىيىنىش - تويۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى ، ئۇلار سوتسىيالىستىك ھاللىق جەمئىيەت ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش داغدام يولىدا ئىلگىرىلىمەكتە .

50 يىلدىن بۇيان ، يەكەن دەرياسى ۋادىسىنى پىلانلاش ، تۈزەش ، ئېچىش ۋە قۇرۇش نەتىجىسىدە ، باش غول ئۆستەڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆستەڭ 62 مىڭ 120گە ، ئۇلارنىڭ

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com